# ئازغۇن ئەر

## (شېئىرلار توپلىمى)

زۆھرەگۈل روزىباقى (قۇزام)

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

**1**

# ئازغۇن ئەر

ساقلاپ تۇرسا ئۆيدە نىگارىڭ،
كۆزلۈك چۈشتى مودا جۇۋانغا.
ئىزھار قىلماق بولدۇڭ كۆڭۈلنى،
گەپ كەلمىدى قىلچە زۇۋانغا.

قاس چىقىرىپ نايناق پاشنىلار،
كىلىپ كەلدى ئۆزى ئالدىڭغا.
خىيالىڭدىن كەچتى بىر گۇناھ،
يانالمىدىڭ ئەسلا ئارقىڭغا.

شەھۋەت ھۆكۈم سۈرگەن جۈپ كۆزلەر،
كۈلۈپ قويدى مەنىلىك بېقىپ.
پىچىرلىشىپ بىردەمدىن كىيىن،
كېتىپ قالدىڭ تاكسىغا چىقىپ.

بىلــمەي تۇرۇپ ئەسلى ئىسمىنى ،
بەش يۇلتۇزدىن ئاچقۇزدۇڭ ياتاق.
بىلىپ قالسا خۇتۇنۇڭ شۇتاپ،
سىنىڭ ھالىڭ ھەممىدىن چاتاق.

2

## ئارزۇ

قۇياش بۇلۇپ ئاسمىنىڭدا دىلبىرىم،
تەبەسسۇمدا ئىللىق كۈلۈپ باقسامكەن.
قەھۋە بۇلۇپ ئىستاكاندا ئامرىقىم،
لەۋلىرىڭنى يىنىك سۆيۈپ ئۆتسەمكەن.

چاپان بولسام زىمستاندا سەن ئۈچۈن،
قار- مۇزنىمۇ خۇددى چوغدەك سەزدۇرسەم.
سۈگەت بۇلۇپ پىژغىرىملىق تومۇزدا ،
سايە تاشلاپ مۇزدەك راھەت بىلدۇرسەم.

يۇمۇر بولسام سەن ئۇچۇنلا توقۇلغان،
شۇنچە مىسكىن يۈرۈگۈڭنى كۆلدۈرسەم.
چىراق بۇلۇپ غېرىپ باساقان ھۇجراڭدا،
قاراڭغۇنى سەندىن يىراق تەزدۈرسەم.

**3**

## ئىزھارسىز سۆيگۈ

يەر تىگىدىن ئوتلۇق بىقشىپ،
تەڭ كۆيۈشتۇق شۇنچىلىك گۈزەل.
يۈرەك ئۈتى پىنھان ۋە پىنھان،
لاۋۇلدايدۇ جان قويماي توگەل.

بىر - بىرىنى ئىزلەيدۇ تىنماي،
پۇراللمىسا بىركۈن ھىدىنى.
ئۇچراشسىمۇ ئاشىق يۈرەكلەر،
توكەلمەيدۇ ئەسلا سىرىنى.

بىر جۈپ يۇرەك شۇنچىلىك سەبى،
يەسلىدىكى جىيەن قىزىمدەك .
ئىزھار تاپماس كۈيۈشلەر بىراق،
دەپنە بولغان سۆيگۈ سىرىمدەك.

يۇرۇگۈمنى سۆيەر تاتلىق ھىس ،
بوۋىقىنى سۆيگەن ئانىدەك.
كۆلەرمەنمۇ جۇپلەشسە لەۋلەر،
دالىدىكى غەمسىز بالىدەك.

**5**

## سەن مىنىڭدىن ياتلاشقان كۈنى

سەن مىنىڭدىن ياتلاشقان كۈنى،
قانلىرىممۇ توختار ئېقىشتىن.
يۈز ئۆرۈيدۇ بەلكىم قۇياشمۇ ،
ئەمدى ماڭا كۈلۈپ بېقىشتىن.

كىرفىگىمدە قاتىدۇ قىرو،
مارجان ياسار ئازابلىق يېشىم.
بومبا بولۇپ «خوش»دىگەن سۆزۈڭ،
پارتىلايدۇ بەلكىم بۇ بېشىم .

ھۆركۈرەيدۇ بۇگۈن شېۋىرغان ،
خىرىس قىلىماق ماڭا مەقسىدى.
ئۈنتار مىنى ھەتتاكى دۇنيا،
تاش يۈرەك يار بولۇپ تەقلىدى.

ئۇۋۇسىدىن قوغلانغان سوغۇق،
يۈرۈگۈمنى باغاشلار كىلىپ.
ئۆلتۈرمەكچى بولغاندەك گويا،
خەنجەر بىلەن ئازـ ئازدىن تىلىپ.

قارا بولۇت تۇسىدۇ ئاينى ،
يۇلتۇزلارمۇ ئۆچىدۇ بەلكىم.
سىنىڭسىز يار ئەمدى ھاياتتا،

شاماللارمۇ بىلىنمەس سەلكىن.

6

## كۆڭۈل ئىزھارى

خىياللىرىم ئۇچار گىلەمدەك،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇدۇ ھەريان.
ئۇچراپ قالسا تۇنۇش سىماھىلك،
ئازابلىرىم بولىدۇ سەرسان.

ئېزىپ قالغان يېتىم بالىدەك،
تىنەپ يۈرەر ئارزۇ- ئارمىنىم.
ئاغرىپ قالسام قانداق كىسەلدە،
سەندىن باشقا يوقتۇر دەرمىنىم.

ئاۋازىڭنى ئاڭلىتار ماڭا،
ياڭراتقۇدىن چىققان لېرىكا.
يۈرۈگۈمنى ئۆتىدۇ سۆيۈپ،

سەن ياقتۇرغان تۇنۇش مۇزىكا.

سىلكىنىدۇ ئېگىز تاغلارمۇ،
زىكرى قىلسا ئىسمىڭنى يۈرەك.
قۇبۇل ئەتسەڭ كۆڭلۈڭنى ماڭا،
ئارمىنىم يوق ئۇنىڭدىن بۆلەك.

قۇلۇپ سېلىپ ئاشىق يۈرەككە،
ئاچقۇچىنى تۇتقۇزدۇم ساڭا.
خالىمىساڭ كىرىشنى ئىچىپ،
ئىچ ئاغرىتما ئۆلسەممۇ ماڭا.

7

## چۈشەنسەڭچۇ قوزاڭنى،ئاپا

ئويغاتمىغىن ئاپا ئۇتتۇنەي،
قېنىۋالاي تاتلىق ئۇيقۇمغا.
بارغۇم يوقتى پەقەت يەسلىگە،

ئىچ ئاغرىتقىن مىنىڭ تۇرقۇمغا.

ئاچچىقلانما ئاپا ۋارقىراپ،
كىيىمگىنى مەينەت قىلدىڭ دەپ.
لاي ئوينىغان ئادىشىم بىلەن،
بىلـمەپتىمەن شالتاق بولار دەپ.

قاپىقىڭنى تۈرمىگىن بولدى،
تامىقىڭنى يەپ بولـمىدىڭ دەپ.
تويۇپ بولغان تۇرسا قورسىقۇم،
ئاچام بەرگەن شاكىلاتنى يەپ.

بالدۇر ئۇخلا دەيسەن ھەمىشە،
قانمىغانتىم تېخى ئويۇن غا.
ئاكام ئوغرى،مەن ساقچى بولۇپ،
ئەمدى ئاتقان ئوقنى بويۇنغا.

جېنىم ئاپا توسمىغىن مىنى،
ئوينىۋالاي مۆكى - مۆكىلەك،

ئەركىنلىكنى بەرسەڭ قوزاڭغا،
غېمىم يوقتى بۇنىڭدىن بۆلەك.

7

## پۇتبول ئەمەس مىنىڭ يۈرۈگۈم

پۇتبول ئەمەس مىنىڭ يۈرۈگۈم،
پۇل بولسىلا ئالىمەن دىمە.
خالىمىسا سىنى گەر كۆڭلۈم،
مەجبۇرى ھەم تاڭىمەن دىمە.

پۇتبول ئەمەس مىنىڭ يۈرۈگۈم،
كۆيۈشنى ئۇ بىلمەيدۇ دىمە.
چۈشۈپ قالسا كۆڭلۈڭگە كۆڭلۈم،
ئېشىۋېلىپ پەرۋاسىز يۈرمە.

پۇتبول ئەمەس مىنىڭ يۈرۈگۈم،
پاك سۆيگۈمنى خارلايمەن دىمە.

ۋارتا چاغلاپ ئۇتلۇق قەلبىڭنى،
نۇرغۇن توپنى سولايمەن دىمە.

پۇتبول ئەمەس مىنىڭ يۈرۈگۈم،
ئەخمەق قىلىپ ئۇينايمەن دىمە.
چىن سۆيگۈڭنى بىرەلـمىسەڭ گەر،
يىراقلارغا كىتەي «ياق» دىمە.

پۇتبول ئەمەس مىنىڭ يۈرۈگۈم،
ئۈۋۈسىدىن ئايرىلغان بىر قۇش.
تاشلاپ كىتەي ئازابلىرىمنى،
بولۇپ قالسۇن قايتىلانماس چۈش.

**8**

## قارا چۈش

بۇ كىچە سىنىلا چۈشەپ قاپتىمەن،
ئايلىنىپ باغلارغا كىرىپ قاپتىمەن.

چىرايلىق رەڭگارەڭ گۈللەرنى كۆرۈپ،
كىپىنەك قىزمەن دەپ خۇشال بوپتىمەن.

باغلارنى تاماشا قىلىپ تويۇقسىز،
كۆزۈمنى توتقاننى سىزىپ قاپتىمەن.
يۈرۈگۈم شۇ هامان قۇلۇڭنى تونۇپ،
بىر تاتلىق ھسياتتا كۆلۈپ قاپتىمەن.

بىر هازا قوغلۇشۇپ ئوينۇدۇق خۇشال،
يۈگرەيلى ئەتىمىز ئۈچۈن !دەپتىمەن.
قۇشۇلدۇڭ ،دىگىنىڭ ھساپ بۇگۈن دەپ،
قۇلۇمدىن تارتقاننى تويماي قاپتىمەن.

قۇلۇمدىن توتۇپلا يۈگرىدىڭ بەك تىز،
ئارقاڭدىن يىتىشمەي هېرىپ قاپتىمەن.
يېنىمغا كىلىدۇ يەنە قايتىپ دەپ،
شۇ جايدا يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتىمەن.

بىر چاغدا ئويغانسام يېنىمدا سەن يوق،

كىتىپسەن مىنى تاشلاپ ئىزلەپ قاپتىمەن.
تاپالىماي كىزىپ مەن باغلار ئىچىنى،
ئىزنىڭگە قاراپلا يىغلاپ قاپتىمەن.

**9**

## مۇھەببەت

بىلـمىدىم...
كۆيدۈم دىدىڭ ساڭا نەچچە رەت،
چىن يۈرەكتىن چىققان سۆزۈڭمۇ؟
ئالداپ مىنى بىرەر مەقسەتلىك،
ياكى قۇرغان تۇزىقىڭمۇ بۇ ؟

بەلكىم...
ئوخشۇتۇپ سەن مىنى زۆھرەگە،
تاھىر كەبى كۆيگۈنىڭدۇ بۇ.
ياكى بولسام شېرىن مىسالى،
فەرھادىمدەك سۆيگۈنىڭدۇ بۇ.

ئاللاھ گۇۋاھ...

بىر كۈن دىدىڭ لەيلىم سەن مىنىڭ،

مەجنۇنىڭنىڭ سۆزى يالغانمۇ؟

ئىشەنمىسەڭ ئاشىق سۆيگۈمگە،

بۇ يۈرەكنى يېرىپ بىرەيمۇ؟

بولدى بەس!

ئاھ...سۆزۈڭگە ئىشىنىپ جېنىم،

زۇلەيخادەك كۆيدۈم ساڭىمۇ.

يارلانمىسۇن مىسكىن يۈرۈگۈم،

يۇسۇپ بۇلۇپ سۆيگىن مىنىمۇ.

**10**

## قەبرەڭدە ياش تۆككەن پەرىشتەڭ

كۆڭلۈم مىسالى بولغان زىمىستان،

ئۈمىد چېچىگى كەتكەنتى توزۇپ.

ئۆلگەن روھىمغا جان بىرىپ قايتا،
ئۈمۈد گۈلىنى بەرگەنتىڭ ئۈزۈپ.

قەلبىمدە شۇ گۈل بىخ ئۇرغان دەقىق،
شۇنچە بەختلىك سەزگەن ئۆزۈمنى.
يۈرەككە شىپاھ ئابى ھاياتتەك،
بىلىپ ئاڭلايتتىم ھەربىر سۆزۈڭنى.

گۈللەرگە پەرۋىش قىلغان باغۋەندەك،
شۇنچە ئاياىتتىڭ «يارا»قەلبىمنى.
پەقەت زىرىكمەي ئاڭلايتتىڭ دائىم،
يىغلاپ سۆزلىگەن مۇڭلۇق زارىمنى.

«دائىم ھەمراھ بولـماس ياخشى كۈن»،
قايسى بىر شائىر يازغانتى شۇنداق.
ئۈمۈد گۈللىرى سۇلدىغۇ يەنە،
كىممۇ بىلگەنتى توزۇشنى بۇنداق.

بىلەمسەن جېنىم؟سەن بولغاچقىلا،

دائىم يۈرەكتىم يۈرەكلىرىم توق.
قىسقا بەختلىك ئاشۇ ئۆتمۈشنى،
سېغىنمايدىغان بىر كۈنۈممۇ يوق.

مەھكەم باغلانغان سۆيگۈ يىپىنى،
ۋاقىتسىز ئۈزدى رەھىمسىز ئۆلۈم.
قەبرەڭنى باغاش ئېتەر ئاھ يۈرەك،
ئۈنتسىز ياش تۆكۈپ ئۆتمەكتە كۈنۈم.

**11**

## بىمارىڭمەن

بىمارىڭمەن ئىشقى ئوتتا كۆيۈپ يارلانغان،
كاۋاپ قىلاي دىدى مىنى رەھىمسىز كۆيەك.
كىسىلىمنىڭ سەۋەبى ھەم بىر ئۆزۈڭ بولغاچ،
دوختۇرۇم يوق ئەمدى مىنىڭ سىنىڭدىن بۆلەك.

خالىساڭ تىز ساقايتىسەن،خالىساڭ كىيىن،

چۈنكى مېنىڭ مەلھەم دورام سىنىڭ قولۇڭدا.
مېھىر بىلەن سۇرۇپ قويسا ساقىيارمەن دەپ،
شىپاھ كۈتۈپ ياتماقتىمەن غېرىپ بولۇڭدا.

دوختۇر ئىدىم مەنمۇ بىرچاغ كۆيدۈرۈپ يۈرگەن،
ھېس قىلـمىغان بىمارلارنىڭ ئاشىق كۆڭلىنى.
ئاھ نە بولدى بۈگۈن ھالىم شۇنچىلىك خاراپ،
تىلەپ قالدىم خار- زار بولۇپ تامچە سۆيگۈنى.

**12**

## سۆيگۈ پۇراپ تۇرار سۆزلىرىڭ

تۇنجى قاراپ ماڭا كۈلگەندە ،
يۈرەكلىرىم تىترىگەن دىرـدىر.
مەھەللەمدىن ھەربىر ئۆتكەندە،
قىيا بېقىپ كۆيدۈردىڭ ئاخىر.

دىدارلىشىپ كۆرۈشتۇق بىر كۈن،
ئۇچرىغاندەك بىزگە تۆت قۇلاق.
قۇلۇقۇمغا پىچىرلاشلىرىڭ،
شۇنچە تاتلىق ئاھ شېرىن بۇلاق.

بىز پىنھاندا دىدارلاشقاندا،
تىكىلىدۇ كۆزۈمگە كۆزۈڭ.
باغاشلايسەن شۇنچىلىك مەھكەم،
سۆيگۈ پۇراپ تۇرار ھەر سۆزۈڭ.

نىشانىمىز بىرلا مەنزىلدۇر،
بەخت بىزگە ئاچسىكەن قۇچاق.
كۆز تەگمىسۇن يۇمران سۆيگۈگە،
چاچسا ئىكەن ئەمبەردەك پۇراق.

**13**

## غەم باسقان يىگىت

ئاي چىقمىغان قارا كېچىدە،
سىگارىت شوراپ ئولتۇرار يىگىت.
نىمە دەردى باردۇر ئىچىدە،
يىشىلمىگەن ھەم قانداق چىگىت.

ئېغىزىدىن تارىغان تۈتۈن،
سىڭىپ كىتەر مۇڭلۇق كېچىگە.
يىڭى داستان يېزىلدى بەلكىم،
ئەگرى توقاي ھايات بېتىگە.

سېپىلمىغان چاپاننىڭ يىڭى،
ساڭگىلايدۇ غەمكىن بېشىدەك.
ئاغرىتىدۇ يۈرىكىن ئازاب،
كۆچەپ ئاتقان بۇلاق تېشىدەك.

كۆچەپ - كۆچەپ شورىدى ئاخىر،
قۇلىدىكى شۇ قىزىل ئوتنى.
تاشلىۋەتتى ئورنىدىن تۇرۇپ،
سوقتى بەلكىم كۆڭلى بىر چوتنى.

# يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

www.yanghin.cn www.yanghin.net

admin@yanghin.net kitab@yanghin.net